100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# كوممۇنىستلار شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنى ئىككى قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن

جۇلالىق قىلغان قىزىل بايراق

ھېكايىلەر توپلىمى ④

□ ئانار بولۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ۋاڭ چۈنخۇا

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭدا بىر ئاممىۋى سىياسىي تەشكىلات ــ شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى جۇشقۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئەزالىرى ئەڭ كۆپ بولغان چاغدا 10 مىڭدىن كۆپرەككە يېتىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلىغان. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ پائال خىزمەت قىلىشى ۋە تەسىرىدە، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئىككى قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىش ئارقىلىق، ئىنتايىن تەسىر كۈچكە ئىگە ئىلغار تەشكىلاتقا ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىدە خەلققە تەشۋىق قىلىش، خەلقنى تەشكىللەش، خەلقنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىشتەك مۇھىم، زور رولىنى جارى قىلدۇرغان.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك شېڭ شىسەينىڭ ساۋاقداشلىرى، يۇرتداشلىرى ئۆتىگەن. 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى)دا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئابلېسوۋ شېڭ شىسەي بىلەن سۆزلىشىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنى بىرىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال شىنجاڭغا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتكەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى يۈ شيۇسۇڭ (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ شۇۋچېڭ) باش كاتىپلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان. كوممۇنىستلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئەمەلىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن.

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى تەرەققىيپەرۋەر سىياسىي پروگرامما «ئالتە چوڭ سىياسەت»نى يولغا قويۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، ئەينى چاغدىكى سىياسىي جەھەتتە چىرىكلەشكەن، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان شىنجاڭنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەن، شىنجاڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ھەر دەرىجىلىك رايونلۇق بىرلەشمىلەر، شۆبە بىرلەشمىلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قەرەللىك ھالدا ئەزالار مەشىق كۇرسى ئۆتكۈزۈپ، «ئالتە چوڭ سىياسەت»نى ئۆگەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئاساسىي نەزەرىيەسى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئېقىم مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگەتكەن.

جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ئورگان گېزىتى «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش سېپى»نى تەسىس قىلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇزاقتا سوزۇلغان ئۇرۇش توغرىسىدا» «يېڭى باسقۇچ توغرىسىدا» «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغان. كۇتۇپخانا قۇرۇپ، مەدەنىيەت كىتابخانىسى ئېچىپ، ئوقۇتۇش سۆزلەش ئەترىتى، تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدا خەلققە «ئالتە چوڭ سىياسەت»نى تەشۋىق قىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلغان.

1938 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن پارتىيە ۋەكىلى دېڭ فا «يېڭى ئەسكەرلەر يېڭى»دىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى خۇاڭ خوچىڭ (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى خۇاڭ مىنفۇ)نى ئاجرىتىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىگەن ھەم بىر تۈركۈم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەزالىرىنى يۆتكەپ بۆلۈم، ئىشخانا رەھبەرلىككە تەيىنلەپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن. خۇاڭ خوچىڭ: جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ باش سىياسىي ۋەزىپىسى «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم ئارقا سېپىنى قۇرۇش، خەلقئارا قاتناش لىنىيەسىنى قوغداش، خەلقنى تەشكىللەپ ۋە مەشقلەندۈرۈپ، بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ئالدىنقى سەپنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بېرىش» دەپ تەكىتلىگەن.

شۇ يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى ھەرقايسى رايونلۇق بىرلەشمىلەر، شۆبە بىرلەشمىلەر، بىۋاسىتە قاراشلىق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەشكىللەپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاشنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بېرىشنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ دائىملىق پائالىيىتىگە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «ھەممە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن» ۋە «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش» شوئارىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما كەڭ ھەم قىزغىن ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان، ئۇيغۇر ئايال ئاتىكەخانىنىڭ ئېرى ھايات ۋاقتىدا قالدۇرۇپ كەتكەن 27 يامبۇنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلىشى قاتارلىق كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ھېكايىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن.



شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) كوچىسىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزمەكتە. □ لى دۇڭ سىزغان

كوممۇنىستلار جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت بۇ سۇپىدىن پايدىلىنىپ ماركسىزمنى كەڭ تەشۋىق قىلغان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ناخشىلىرى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دراما قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغان. شۇ چاغدىكى شىنجاڭدا مەشھۇر ئالىملار توپلانغان بولۇپ، ئاتاقلىق ئالىم جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلار شىنجاڭ شۆيۈەنىدە «يېڭى پەلسەپە» «ماتېرىيالىستىك تارىخىي قاراش» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن؛ ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋ دۈن سۆزلىگەن «4 ـ ماي ھەرىكىتى ــ ئۆزىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق نۇتۇقلار سانسىزلىغان تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا تەسىر كۆرسەتكەن؛ كىنو ئارتىسى جاۋ دەن رېژىسسورلۇق قىلغان، ۋاڭ ۋېيى، شۇ تاۋ قاتارلىقلار ئورۇنلىغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دراما «كۈرەش» دىخۇادا زىلزىلە قوزغىغان؛ «كاپىتال» «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» قاتارلىق ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرى كىتابخانىلاردا ئاشكارا سېتىلغان؛ «پىدائىيلار مارشى» «خۇاڭخې ئومۇمىي خورى» ناملىق ناخشىلار پۈتۈن دىخۇا شەھىرىدە ياڭرىغان... ئەينى چاغدا ھاياتى كۈچكە تولغان شىنجاڭ «جۇڭگونىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تايانچ بازىسى» دەپ تەرىپلەنگەن.

1942 ـ يىلى، خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شېڭ شىسەي ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق كوممۇنىستىك پارتىيەگە قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان، شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ھەرىكىتى توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ ئاشۇ تارىخىي مەزگىلدە ئوينىغان غايەت زور رولى تارىخنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قالمايدۇ، ئىلگىرى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلغان تۈركۈم ـ تۈركۈم كوممۇنىستلار تارىخ تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ.

**(ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات يۇرتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان)**

# قىزىل گېنى داۋاملاشتۇرۇش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن ئوڭ قولنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلىدى. ئېھتىرام بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئەتتى، ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، قۇربان بېرىش، ئۆزىنى بېغىشلاشتەك تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئارقىدىن قانات يايدۇرۇلغان مىكرو پارتىيە دەرسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى لى بې مۇنداق دېدى: «بۇ، بىر قېتىملىق پارتىيە تارىخىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش تەربىيە دەرسى بولدى، تېخىمۇ مۇھىمى قەلبنى لەرزىگە سالىدىغان تاۋلىنىش بولدى، قەھرىمانلار گەرچە ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، روھى مەڭگۈ ھايات، پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىمىزنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك».

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنىدىكى پارتىيەلىك كادىرلار پارتىيە ئىزنىكى تاقاپ، تولۇپ تاشقان ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى ھەم خەلق قەھرىمانلىرى خاتىرە مۇنارىغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى، ئۈچ قېتىم چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلار ـ قۇربانلارنى چوڭقۇر ياد ئەتتى ۋە چەكسىز ئېھتىرام بىلدۈردى. ئارقىدىن كۆپچىلىك بىرلىكتە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» ناملىق ئەسىرىنى ئۆگىنىپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلىدى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىش، قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئارقىلىق، كۆپچىلىك بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىدىيەدە تاۋلىنىش ۋە روھنى تازىلاشنى باشتىن كەچۈردى، ئەسلىي مەقسەتنى يەنە بىر قېتىم قوزغىتىپ، ئېتىقادنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

## روھنى داۋاملاشتۇرۇپ، پالاقنى كۈچەپ ئۇرۇپ ئالدىدا مېڭىش

قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىش دەل يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ مەنىۋى شىفىرىغا ئايلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە.

3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئەسلىي مەقسەتنى ئەسلەش، ئىنقىلابىي قۇربانلارغا تەزىيە بىلدۈرۈش» چىڭمىڭدا قەبرە يوقلاش ـ سۈپۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئارقىلىق، بارلىق پارتىيەلىك كادىرلار بىر قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ۋاڭ ۋېنچى مۇنداق دېدى: «قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز خىزمىتىمىزنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەن چېكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك».

3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتى گۇرۇھ باش ئىشتابىدىكى بارلىق كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كارخانا شىنجاڭ جۇشىن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئۆي ـ مۈلۈك ئىشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىكى پارتىيەلىك كادىرلارنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، «پارتىيە بايرىقى تيانشاندا نۇر چاچتى» باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. گۇرۇھ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر گاۋ جيەنجۇن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتى ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى كۈچەيدى، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، كارخانىنى سۆيۈش ئېتىقادى ۋە ھېسسىياتى كۈچەيدى. يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇۋەققەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيەنىڭ كۈرەش مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، يېڭى دەۋردە تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىدۇ.

## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش بىزنىڭ قەھرىمانلارغا بولغان ئەڭ ياخشى خاتىرىلىشىمىز. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پارتىيەلىك كادىرلار ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئىرادىسى ۋە ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت ۋە كۈرەش ھالىتى بىلەن يېڭى دەۋرگە تۆھپە قوشۇش، يېڭى مۇساپىگە جاسارەت بىلەن ئاتلىنىشتىكى جۇشقۇن روھنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىپ، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشى كېرەك!

«ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگىنى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا، ئالاھىدە بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان. بىز ئىنقىلابىي قۇربانلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىمىزنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۈكسەك غايە تىكلەپ، پارتىيەگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى نازارەت قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دىڭ جىگاۋ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى «ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىپ، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پارتىيەلىك كادىرلارنى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ شەرەپلىك تارىخىنى ئەسلەشكە تەشكىللەپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ پارتىيە تارىخىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەنىۋى كالتسىينى يېتەرلىك تولۇقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى قوبۇل قىلىپ، خەلققە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، پۇختا خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

**(مۇخبىرىمىز شى شىن، قاتناشقان مۇخبىرلار گو لىڭ، لياڭ لىخۇا، ئىختىيارىي مۇخبىر ۋاڭ نىڭ)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«پاختا مەھسۇلاتلىرىنى تورغا چىقىرىش» تۈرىنى يولغا قويۇش سۇبيېكتى بولغان خېزى مۇدەن خەلقئارا تاۋار سودا مەركىزى نەرسە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات ۋە رايون بۆلىكى زەنجىرى تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پاختا، چىگىت، پاختا تىرىپى جەھەتتە شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى بىلەن شەندۇڭدىكى ئاساسلىق سېتىش رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلار، يېزا ئىگىلىك تىرىقچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش قاتارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، سودا ھالقىلىرىنى ئازايتىپ، تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇردۇ.

«شىنجاڭنىڭ ‹پاختا مەھسۇلاتلىرىنى تورغا چىقىرىش› شەندۇڭ ـ شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى كارخانا، تىجارەتچى، سودىگەرلەر ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرىدىغان، قولايلىق، تېز بولغان، كىرىمنى ئاشۇرىدىغان، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىدىغان سۇپا بەرپا قىلىپ بەردى» دېدى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش قوماندان، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ چېڭۋېي.

شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلاتلىرىنىڭ خېزى مۇدەن خەلقئارا تاۋار سودا مەركىزىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تورغا چىقىرىلىشى شىنجاڭ پاختىسىنىڭ دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارا بازاردىكى تەسىر كۈچى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەڭ گۈزەل پىدائىي» بولۇپ باھالانغىنى قۇتۇپى ناھىيەسى «ئالتۇنخان» پىدائىيلار جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، 80 ياشلىق ۋاڭ گۈيجېن موماي بولۇپ، ئۇ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ياخشى ئىش قىلىشتا چىڭ تۇردى، يىل بويى ياردەم بەرگەن ـ يۆلىگەن قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپى 120 كىشىدىن ئاشتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا ئالتۇندەك قەلب بار دېيىشىدۇ. «ئەڭ ياخشى پىدائىيلار مۇلازىمەت تەشكىلاتى» بولۇپ باھالانغىنى كورلا يېشىل لېنتا پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بولۇپ، «مېھىر ـ شەپقەت يېشىل لېنتىسى، ئىللىق ئۆيگە قايتىش يولى» باش تېمىسىدىكى خەلققە قولاي سەپەرگە چىقىش پائالىيىتىنى تەشەببۇس قىلىپ، يول ئۈستىدە ياشانغانلار، ئاجىزلار، كېسەللەر، مېيىپلەر، بالىلار قاتارلىق كىشىلەر توپىنى ئاپتوموبىلغا ھەقسىز ئېلىۋېلىش پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەم باشقا پىدائىيلار ئەترىتى ۋە ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق تەشكىلاتلىرىنى ھەقسىز ئاپىرىش ـ ئەكېلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، نەشپۈت شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. «ئەڭ ياخشى پىدائىيلار مۇلازىمەت تۈرى» بولۇپ باھالانغىنى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ «ھەسەن ـ ھۈسەن پىلانى»دىكى نامرات ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمەت تۈرى بولۇپ، بۇ تۈر 306 نامرات ئايالغا تۇغۇت پەرۋىشى، پەرۋىش خىزمىتى، ئائىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ھەقسىز يېتەكچىلىك قىلىش ـ تەربىيەلەش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۆزگە تايىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. «ئەڭ گۈزەل پىدائىيلار مۇلازىمىتى مەھەللىسى» بولۇپ باھالانغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمگۇ رايونى چىفاڭ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ۋېنچۈەن شىمالىي مەھەللىسى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يېڭىبازار كوچىسى يېڭىبازار مەھەللىسى. ۋېنچۈەن شىمالىي مەھەللىسىدە «ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق مۇلازىمىتى كوچىسى» قۇرۇلۇپ، بالىلارنىڭ ئائىلە تاپشۇرۇقىغا يېتەكچىلىك قىلىش، خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت قىلىش، رېمونت قىلىش قاتارلىق ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق مۇلازىمەتنى مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇپ يولغا قويدى، ھەر يىلى تەشكىللىگەن پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتى قېتىم سانى 23 مىڭ قېتىمغا يەتتى؛ يېڭىبازار مەھەللىسىدە كوچا باشقارمىسى، مەھەللە، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى پىدائىيلار مۇلازىمىتىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش تورى، زاكاز بۇيرۇتۇش، زاكاز قوبۇل قىلىش، زاكاز ئەۋەتىش، زاكاز خاتىرىلەشتىن ئىبارەت «تۆت زاكاز مۇلازىمەت»ى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «3456» مەھەللە پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاھالىلەرنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى تۇتاشتۇردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن